# سادىر پالۋان ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە

رەخمە ئوسمان

يامۇلنىڭ ياغاچلىرى .
ئېگىز قارىغاي چەڭزە .
يامۇلدىن قېچىپ چىققان،
سادىر ئۆزى خوخەنزە .

مانا بۇ، بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان سادىر پالۋان ھەققىدىكى قوشاقلارنىڭ بىرى. شۇنىڭدەك ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سادىر پالۋاننىڭ ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىدا كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقىغا بەرگەن يۈكسەك باھاسى.

1851 - يىللىرى مەملىكىتىمىزدە كۆتۈرۈلگەن تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابى چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا ۋە زالىم چىڭ سۇلالىسى كۆمرانلىقىغا قارشى ئون نەچچە يىل باتۇرلارچە كۆرەش قىلىپ مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەسىرى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ فېئودال ئىستىبدات چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرىگە كۆپ ئىلھام بولدى. ئۇنىڭ تۈرتكىسى بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە يەرلىك فېئودال بەگلەرنىڭ زۇلۇمىغا قارشى قوزغىلاڭلىرى كۆتۈرۈلدى. 1864 - يىلى ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. سادىر پالۋان ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ سەركەردىلىرى ئىچىدە ئەلگە تونۇلغان قەھرىمان ئىدى.

مەن بۇ ماقالىدە پەقەتلا سادىر پالۋاننىڭ ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى داۋامىدا ئېلىپ بېرىلغان مەشھۇر بايانداي ۋە كۆرە ئۇرۇشلىرىدىكى تۆھپىسى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزەمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

## 1

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچراپ، زاۋاللىقا يۈزلەندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئىچىدە چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا تايانغان بىر تۈركۈم دەللال

بيوروكرات مىلىتارىستلار گورۇھى كېلىپ چىقتى. بارا - بارا جازانىخورلارنىڭ ئۆسۈپ چىقىشى بىلەن ئۇششاق قول ھۈنەرۋەنلەر، ئۇششاق سودىگەرلەر ۋەيران بولدى. پومېشچىكلار كۆپلەپ يەر ئىگىلەپ، دېھقانلارنى قاقتى - سوقتى قىلدى. مانا بۇلار جۇڭگونىڭ يېرىم مۇستەملىكە ئەلگە ئايلىنىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، خەلقنى ئېغىر زۇلۇم، ئاسارەتتە قالدۇردى. شىنجاڭدا ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر بولدى.

چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى ھالاكەتكە يۈزلەنگەن ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، شىنجاڭدا ھەربىي ئىدارە قىلىش تۈزۈمىنى يۈرگۈزۈپ، ئەمگەكچى خەلققە قارىتا قاتتىق بېسىقتۇرۇش، ھاكىم مۇتلەقلىق سىياسىتى قوللاندى. كۆپلەپ ئەسكەر كەلتۈرۈپ تۇرغۇزدى. ئەسكەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئىلى رايونىغا جايلاشتۇرۇلدى. جياڭجۈن شۇ چاغدىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي مەركىزى بولغان ئىلىدا تۇراتتى. ئىلىدا تۇرۇشلۇق مانجۇ ئەسكەرلىرىگە ھەربىي مەشىق تەكىتلىنىپ، ئۇلار ئىشلەپچىقىرىشقا قاتناشتۇرۇلمايتتى. جياچىڭ يىللىرىغا كەلگەندە بۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەر كۆپىيىپ كەتتى.

چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا نۇرغۇن مىقداردا ئۇرۇش چىقىمى تۆلىدى. يەنە تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈنمۇ چەتئەلدىن نۇرغۇن قەرز ئالدى. بۇنىڭ بىلەن ئىلىدا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرنىڭ تەمىنات مەسىلىسىدە قىيىنچىلىق تۇغۇلدى. بۇ ئەسكەرلەرنى بېقىش مەجبۇرىيىتى ئەمگەكچى خەلقنىڭ زىممىسىگە ئارتىلدى. باج - سېلىقلار كۈندىن كۈنگە ئېغىرلاشتى، ئالۋان - ياساقلارنىڭ تۈرى كۆپەيدى، ئۈزۈندىن ئۈزۈنغا سېپىللار سوقۇلدى، ئاقئۆستەڭگە ئوخشاش چوڭ ئۆستەڭ قۇرۇلۇشلىرى داۋاملاشتى. 170 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان ئاقئۆستەڭنىڭ باش تەرىپى قاش دەرياسىدىن باشلىنىپ، ئىككى قاسنىقىدىكى مۇنبەت تۇپراق، بىپايان ئېتىزلار، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان كۆركەم مېۋىلىك باغلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىمىنى بويلاپ، سۇيدۇڭ، كورە شەھەر ئىچىگە ئېقىپ باراتتى. بۇ زور قۇرۇلۇشنىڭ ئېغىر ئەمگەك، چىدىغۇسىز ئالۋان - ياساقلىرى ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقنى زار قاقشاتقان ھەمدە بارلىق ۋەسىلىدىن ئايرىپ، خانىۋەيران قىلغانىدى. «ئۆستەڭ ناخشىسى» دا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇڭ - زارى ئىپادىلىنىپ، زومىگەرلىككە قاتتىق نەپرەت بىلدۈرۈلگەن.

ئۆستەڭنىڭ تېگى قاتتىق،
چاپسا كەتمەن ئۆتمەيدۇ.

زالىم تۆرىچى ھەم بەگلەر،
بېشىمىزدىن كەتمەيدۇ.

تارىختىكى ۋاڭخۇلىۇ ئالۋىنى ئۇيغۇر خەلقى ئۈستىگە يۈكلىگەن ئېغىر ئال-ۋان ياساق-لارنىڭ بىر تۈرى. ياز پەسلىدە ئىلى دەرياسىغا تاشقىن كېلىپ. دەريا قىرغىقىغا جايلاشقان ھەربىي ئىستىھكام — كۈرە سېپىلىغا ئېغىر تەھدىت سېلىپ تۇراتتى. كۈرە سېپىلىنى تاشقىندىن ئاسراش سېلىقى يەنە خەلققە ئارتىلدى. ئەمگەكچى خەلق بۇ ئېغىر سېلىققا، زالىملارنىڭ زۇلمىغا چىداپ تۇرالماي، ئاخىرى قوزغىلىپ، چىرىك چىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى كۈرەشكە ئاتلاندى.

ئالۋان - ياساق توپلاشقا،
يايى قامچىلىق چىققان.
بۇ دەرتلەرگە چىدىماي،
سادىر ئاتلىنىپ چىققان.

سادىر پالۋان دەل مۇشۇنداق كەسكىن كۈرەشتە ئوتتۇرىغا چىققانىدى.

2

سادىر پالۋان 1798 - يىلى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ مولتوختىيۈزى يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى ئىلىدا تۇرۇشلۇق ئەسكەر-لىرىنىڭ تەمىناتىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن 1760 - يىللىرى قەشقەر، خوتەن، ئۇچتۇرپان، قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن بىر تۈركۈم ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى ئىلىغا مەجبۇرىي كۆچۈرۈپ چىقىپ، 100 ئۆيلۈكنى بىر يېزىغا بۆلۈپ، ھەر يېزىغا بىردىن يۈز بېگى تەيىنلىگەن ئىدى. يېزىنىڭ نامى شۇ يۈز بېگىنىڭ ئىسمى ياكى كۆچۈپ چىققان يەرنىڭ نامى بىلەن ئاتىلاتتى. سادىر پالۋان تۇغۇلغان يېزىنىڭ باشلىقى مولتوختى ئىسىملىك كىشى بولغانلىقتىن مولتوختىيۈزى دەپ ئاتالغان. سادىر پالۋاننىڭ ئاتىسى خۇشئەخمەت چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن بوز يەر ئېچىش ئۈچۈن ئىلىغا مەجبۇرىي كۆچۈرۈلۈپ چىققان خوتەنلىك دېھقان ئىدى.

سادىر پالۋان كىچىك چېغىدىن تارتىپلا ئۆزىنىڭ زېرەك، قەيسەر، پەم - پا-راسەتلىك ۋە تالانتلىق، قوشاقچى بولۇش ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تەڭتۇشلىرى ئىچى-دە ئالايىتىن كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. سادىر زۇلۇمغا قارشى بىر تەرەپتىن قولىغا توقماق ئېلىپ، ئۆمرىنى خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەش-

لەرگە بېغىشلانغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار قوشاقلىرى ئارقىلىق خەلقنى ئويغاتتى، خەلقنىڭ كۈرەشلىرىگە مەدەت بەردى. سادىر پالۋان نۇرغۇنلىغان قوشاقلارنى ئىجاد قىلدى ھەم قوشاقلىرىدا ئۆزىنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن كۈرەش سەركۈزەشتىلىرى ئارقىلىق، ئەينى زاماندىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ تارتقان ئازاب - ئوقۇبەت، دەرت - ئەلەملىرىنى ھەققىي تۈردە ئەكس ئەتتۈردى، زالىم ھۆكۈمرانلارنىڭ پارىخور، ئاچكۆز ئەپتى - بەشىرىسىنى غەزەپ بىلەن پاش قىلدى. شۇڭا، سادىر پالۋان قوشاقلىرىدا ئۇنىڭ تەقدىرگە تەن بەرمەيدىغان، تىز پۈكمەس جەڭگىۋار روھى، مەردانە خىسلەتلىرى ئوچۇق ئىپادىلەنگەن، بۇ قوشاقلار ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە ئۇزۇندىن بۇيان تارقىلىپ، خەلقنىڭ ياخشى كۆرۈپ ئېيتىدىغان ئۆلمەس قوشاقلاردىن بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سادىر پالۋان قوشاقلىرى ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىدا ۋە ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

## 3

XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئارقا-ئارقىدىن ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭلىرى كەڭ قانات يايدى. گۈيجۇدىكى مياۋزۇلار قوزغىلىڭى، يۈننەندىكى خۇيزۇلار قوزغىلىڭى ۋە 1861 - 1863 - يىللىرىدىكى شەنشى، گەنسۇ خۇيزۇلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇن ئەۋەتىپ قوزغىلاڭچىلارنى قانلىق باستۇردى. ئىلى خۇيزۇلىرىمۇ شەنشى، گەنسۇ خۇيزۇلار قوزغىلىڭىدىن خەۋەر تېپىپ كۆتۈرۈلۈپ چىققاندا، چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى قوشۇن ئەۋەتىپ قانلىق باستۇرۇپ، باشلىقلىرىنى تۇتۇپ، بوينى كېسىلىك دېگەن يەردە نەچچە ئون مىڭ كىشى ئالدىدا كاللىسىنى ئېلىپ تاشلىدى. بۇ پاجىئەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن سادىر پالۋان ۋە ئۇنىڭ ئىسيانكار سەپداشلىرىنىڭ غەزەپ نەپرىتى ئۆرلەپ، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلارغا قارشى قوزغۇلۇش ئىستىكى تۇغۇلدى، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن شىنجاڭنى زىل - زىلىگە كەلتۈرگەن ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى.

سادىر دەپ ئېتىم يامان،
ئون بەش ياشتا ئاتالغان.
دەسلەپتە تۇتۇلغاندا،
قومۇل خانغا پالانغان .

سادىر پالۋان دەسلەپتە زۇلۇمغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ ئۆز يېزىسىدا تۇرالماستىن، ئۆزىنىڭ كۈرەش پائالىيىتىنى ياقا يۇرتلاردا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ ئىسيانكارلىق ھەرىكىتىدىن ئالاقزادە بولغان زالىم ھۆكۈمرانلار ئۇنى ئۆزلىرى ئۈچۈن چوڭ خەۋپ دەپ قاراپ، ئۇنىڭ پېيىگە چۈشىدۇ. ئۇنى كۆپ قېتىم تۇتۇپ يامۇلغا سولايدۇ. سۈرگۈن قىلىدۇ. لېكىن زالىملارنىڭ بۇ خىل ۋاستىلىرى سادىر پالۋاننىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمەيدۇ، ھەتتا يامۇللاردىن قېچىپ چىقىپ. تاغ - باياۋانلاردا ئۆزىگە ئوخشاش سەرسان - سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن ئىسيانكار سەپداشلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، مۇستەبىت زالىملارغا قارشى كۈرەشلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداپ خەلقنىڭ كۈرەشلىرىنى باستۇرۇش مەخسىتى بىلەن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىلى رايونىدا بايانداي، كۈرە، چىڭسىخۇزا، سۇيدۇڭ، قورغاس، لۇسوگۇڭ سېپىللىرىنى سوقتۇرغانىدى. چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنىڭ ئىلىدىكى ئەمەلدارلىرى جايلاشقان ھەربىي ئىستىھكامى — بايانداي، كۈرە سېپىللىرىنى ئېلىش ئىلى دېھقانلار قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ مۇھىم ستراتېگىيىلىك نىشانى ئىدى. بايانداي سېپىلى 1766 - يىلى سېلىنغان بولۇپ، ئىلى جىياڭجۇنى شۇ يەردە تۇراتتى. ھەربىي باستۇرۇش مەقسىتىدە كەلتۈرۈلگەن سەككىز تۇغلۇق قوشۇنغا مەنسۇپ چىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ يەردە تۇرۇپ، ئىلى جىياڭجۇنىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى.

سادىر پالۋان قوزغىلاڭ جەريانىدا ئاجايىپ باتۇرلۇقلار كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ يۇقىرى ھەربىي ماھارىتىنى نامايەن قىلدى. خۇسۇسەن ئىلى قوزغىلىڭىدا ھەل قىلغۇچ جەڭ ھېسابلانغان بايانداي سېپىلىنى ئېلىش ئۇرۇشلىرىدا چوڭ تۆھپە ياراتتى. قوزغىلاڭچىلار بايانداي سېپىلىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىككى قېتىم قانلىق جەڭ قىلغان بولسىمۇ، سېپىل ئىچىگە بۆسۈپ كىرەلمىدى. ئۇرۇش ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ، كۆپ قىيىنچىلىقلار يۈز بەردى. قوزغىلاڭچىلار سادىر پالۋاننىڭ يامۇلدا قامىلىپ، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا قاتنىشالمىغانلىقىغا ئېچىندى. شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلار چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىگە ئەگەر سادىر پالۋاننى قاماقتىن چىقىرىپ بەرمىسە، ئۇزۇن ۋاقىتتىن بويان تۆلەپ كېلىۋاتقان ئاشلىق، ياغ، ئوتۇن، كۆمۈر قاتارلىق سېلىقلارنى تۆلىمەيدىغانلىقىنى شۇنىڭدەك بايانداي، كۈرە سېپىللىرىنى تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ئاقئۆستەڭ سۈيىنى تۈنلەي ئۈزۈپ تاشلايدىغانلىقىنى جاكالىدى. خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆز باتۇرى سادىر پالۋانغا بولغان ئىخلاسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن قەتئىي تەلىپىدىن زالىم ھۆكۈمرانلار قاتتىق چۆچۈدى. سادىرنى يوقىتىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. سادىر پالۋان يامۇلدىن چىقىپ. بايانداي سېپىلىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىسيانكار سەپداشلىرى

بىلەن بىللە بىر قانچە قېتىملىق ئۇرۇش تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى يەكۈنلىگەندى ھەممە بولغۇسى ئۇرۇش ئۈستىدە پىلان تۈزدى.

قالدى ھەممە قايغۇرۇپ،
باتۇر سادىر قاڭغۇرۇق.
قولغا ئالدى تېشىنى،
يەر ئاستىدىن تېشىلى،

دورا بىلەن ئوت ياقاي،
ۋەيران بولسۇن سېپىلى،
مەسلىھىتىمۇ شۇ بولدى.
سېپىلى كۆيۈپ كۈل بولدى.

قوزغىلاڭچىلار سادىر پالۋاننىڭ سېپىل ئاستىغا لەخمە كولاپ، دورا كۆمۈپ سېپىلنى پارتلىتىش تاكتىكىسى بويىچە ئىش كۆرۈپ، باياندايى سېپىلى ئىچىگە بۆسۈپ كىرىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. شۇندىن كېيىن ئۇيغۇر خەلقى سادىرنى «پالۋان» دەپ ئاتىدى. ئۇنىڭ ئۇرۇشتىكى قەھرىمانلىقى مەدھىيىلەنگەن «باياندايى ئۇرۇشى» ناملىق قوشاقنى ئىجاد ئەتتى، ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ باتۇرى سادىر پالۋاندىن پەخىرلەندى، سادىر توغرىسىدا ھېكايە، رىۋايەتلەر ئېيتتى، ئۇنىڭ قەھرىمانلىقى تىللاردا ئۆچمەس داستانغا ئايلاندى.

قوزغىلاڭچىلار ئالدىدا يەنە كۈرە سېپىلىنى ئېلىش ۋەزىپىسى تۇراتتى، سادىر پالۋان كۈرە سېپىلىنى ئېلىش ئۇرۇشىغا يولباشچىلىق قىلدى، كۈرە سېپىلىنى ئېلىش مۇشكۈل ئىدى. سادىر پالۋان باياندايى ئۇرۇشىدىكى تەجرىبىسى بويىچە، لەخمە كولاپ دورىنى دەرۋازا ئاستىغا كۆمۈپ، سېپىلنى پارتلىتىپ جياڭجۈن يامۇلىنى ئوت ئىچىدە قالدۇردى. سادىر پالۋان باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ شىددەتلىك جەڭ قىلىشى بىلەن قوزغىلاڭ غەلىبە قازاندى. جياڭجۈن مەغلۇبىيەتكە چىدىماي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى.

لېكىن 1864 - يىللىرى ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ غالىبىيەت مېۋىسىنى فېئودال ئاقسۆڭەكلەر تارتىۋالدى، ئىچكى - تاشقى ماجرالار ئارقا - ئارقىدىن يۈز بەردى، ئۇلارنى كۆرگەن سادىرپالۋان سىياسىي پائالىيەتتىن ئۆزىنى چەتكە ئالدى، ئۇ 1871 - يىلى ۋاپات بولدى. سادىر پالۋان ئېزىلگەن خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن بولغان كۈرەشلەردە كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقى ۋە تۆھپىسى بىلەن ئۇيغۇر تارىخىدا ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇن تۇتىدۇ.

لەرنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ ئورتاق تەرەپلىرىمۇ بولغان، ئۆزىگە خاس ئالاھىدە تەرەپلىرىمۇ بولغان. ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋاستىسى بولغان قانۇن ئەڭ ئاۋۋال ئوردىنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدە ئىمتىيازلىرىنى قوغدىغان. بۇنىڭغا ھەر قانداق ئادەم دەخلى قىلالمىغان؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قۇلدارلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتلىرىنى قوغدىغان. زوۋانلىق قورال بولغان قۇللارنىڭ ھېچقانداق ئىجتىمائىي ئورنى ۋە كىشىلىك ھوقۇقى بولمىغان. ئەمما، مەزكۇر دۆلەتنىڭ كونكرېت ئەھۋالى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا، قۇللارنىڭ ئەمگەك كۈچىنىڭ رول ئوينىشىغا مۇھتاج ئىدى. شۇڭا ئەمەلىي تۇرمۇشتا قۇللارنىڭ ئورنى سەل ياخشىلانغان، ھەتتا ئۇلار ئاز - تولا مال - مۈلۈككە ئىگە بولۇپ، ئۆز ئالدىغا ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بارغان. بۇنىڭ بىلەن قۇللۇق تۈزۈمىدىن تەدرىجى فېئوداللىق تۈزۈمگە بۇرۇلۇشنىڭ ئۈندۈرمىلىرىمۇ بىخ ئۇرۇشقا باشلىغان. بۇنىڭدىن تاشقىرى، پىشامشان دۆلىتى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقانلىقتىن، شەرق بىلەن غەرب سودىگەرلىرى دائىم بۇ جايغا كېلىپ سودا قىلىپ تۇرغان. شۇڭا، قانۇن خەلق ئارىسىدىكى سودا مۇئامىلە ئىشلىرى، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر (جۈملىدىن قۇللار ئوتتۇرىسىدىكى سودا - مۇئامىلە ئىشلىرى) نى قوغدىغان. ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىمۇ دائىم كېلىشىم گۇۋاھچىلىرى سالاھىيىتى بىلەن قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولغان ھۆججەتلەرگە ئىمزا قويغان. ئىجتىمائىي قۇرۇلما ئاددىي بولغانلىقتىن، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگىلا دائىم قاتنىشىپ قالماستىن، بەلكى مەمۇرىي ئورگانلار ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىمۇ كونكرېت ئىش بېجىرگۈچىلەر بولۇپ ئىشلىگەن. پادىشاھ قانۇن تۈزگۈچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەڭ ئالىي سودچى ئىدى، ئۇ مەمۇرى، ئەدلىيە ھوقۇقلىرىنى ئۆز قولىغا مەركەزلەشتۈرۈۋالغان بولۇپ، ئىسمى جىسمىغا لايىق ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران ھېسابلىناتتى.

ئىزاھلار:

«خەننامە. غەربىي رايون تەزكىرىسى».

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقاتى ئورنى تەرىپىدىن شافىگراپتا بېسىلغان «شىنجاڭدا قېزىۋېلىنغان قارۇشتى يېزىقىدىكى كەم - كۈتىك ھۆججەتلەر تەرجىمە توپلىمى». ۋاڭ گۇاڭجى تەرجىمىسى.

«ۋېينامە. غەربىي رايون تەزكىرىسى».

«خەننامە. جىنايى ئىشلار قانۇنى تەزكىرىسى».

قاسىم خوجا تەرجىمىسى